


ئاقچى ناھىيەسى سومتاش يېزىسى قارچىغا ماكانى باقمىچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى دۈيشۆن چوكەش:

# يۇرتداشلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يېڭى يول ئاچتى

**بىرىنچى سەپتىكى سىمالار**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ رۇيلىن

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، ئاقچى ناھىيەسىنىڭ سومتاش يېزىسى ئاقتالا كەنتىدىكى پارتىيە ئەزاسى دۈيشۆن چوكەش قارچىغا ماكانى باقمىچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا بېرىپ، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا سېتىۋالغان بىر نەچچە تۇياق سىمېنتال كالىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

دۈيشۆن قارچىغا ماكانى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى، شۇنداقلا يېزىدىكى داڭلىق بېيىش باشلامچىسى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، كالا باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىكى كالا، قويلارنىڭ نەسلىنى ئەلالاشتۇرۇش ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

**نامرات ئائىلىلەرنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا قوبۇل قىلىش**

2011 ـ يىلى، دۈيشۆن ئاكىسى بىلەن بازاردا گۆش سېتىپ يىغقان دەسمايىسىگە تايىنىپ، باش بولۇپ سومتاش يېزىسىدا قارچىغا ماكانى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى، بۇ، ئۇنىڭ ئارزۇسى باشلانغان بىر يىل بولدى. «مەركەزلىك، قېلىپلاشقان باقمىچىلىق تەننەرخنى تېخىمۇ تېجەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈپەت تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. كۆپچىلىكمۇ ئىككى قولنى بوشىتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىرىم ئاشۇرۇش يولىنى ئىزدىيەلەيدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، باقمىچىلىقنىڭ ئۈنۈمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.» بۇ، دۈيشۆننىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرغان چاغدىكى ئويى ئىدى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپى چارۋىلارنى باھاغا سۇندۇرۇپ پاي قوشۇش، يۆلەش تۈر مەبلىغىنى پاي قىلىپ قوشۇش، پايدا تەقسىملەپ پايدا قايتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم بەردى، يۆلىدى. گەرچە ئۆزئارا تونۇشىدىغان يۇرتداشلاردىن بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن يېزا بويىچە تۇنجى قۇرۇلغان چارۋا باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئالدىدا، سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كەنت ئاھالىسى ناھايىتى ئاز بولدى، كوپېراتىپقا ئەڭ دەسلەپتە ئەزا بولغان توققۇز ئائىلىلىكنىڭ كۆپىنچىسى دۈيشۆننىڭ تۇغقانلىرى ئىدى.

دۈيشۆن بىر تەرەپتىن، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تەرەققىياتىنى پىلانلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسى، بولۇپمۇ كەنتتىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئەزا بولۇشقا تۈرتكە بولغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلاندى: ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېلىشنى خالىمىسا، ئۇنداقتا بېرىپ «تەكلىپ» قىلىش كېرەك.

توختاخۇن ئوكىلەكنى دۈيشۆن «تەكلىپ قىلىپ كەلگەن». دۈيشۆن تەشەببۇسكارلىق بىلەن مېيىپ توختاخۇننى تېپىپ، ئۆزىنىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئادەمگە بەك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دۈيشۆننىڭ سەممىي تەكلىپى بىلەن، توختاخۇن دۈيشۆننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدى.

«ئۇ بىزگە ياردەم قىلغاندا يەنە يۈزىمىزنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكىنى نەزەردە تۇتتى. ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ماڭا ئوخشاش كەنت ئاھالىسى نۇرغۇن، بىزنى ئىشقا قوبۇل قىلغاندىن باشقا، ئۇ يەنە بىزگە چارۋا باقمىچىلىقى، بورداش قاتارلىق تېخنىكىلارنى قولمۇقول ئۆگەتتى» دېدى توختاخۇن.

**ماھىرلىق بىلەن تىجارەت قىلىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش**

«مېنىڭ بۈگۈنكىدەك كۈنگە ئېرىشىشىم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. 2014 ـ يىلى ھۆكۈمەت مېنى 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ياردەم تولۇقلىمىسى يۆلەش مەبلىغى بىلەن تەمىنلىدى، كەنت ئاھالىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ نازارەت قىلىشى ۋە يۆلىشى بولسىلا ئۆز مەنپەئىتىمىز كاپالەتكە ئىگە بولىدىكەن، دەپ قاراپ، بەس ـ بەستە ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئەزا بولدى، ھازىر 228 ئەزا بار» دېدى دۈيشۆن. ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن، دۈيشۆن ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تىجارىتىنى كۆڭۈل قويۇپ قىلدى، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مۈلۈك كۆلىمى قۇرۇلغان چاغدىكى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن 10 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى.

ئاقچى ناھىيەسىدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر «گۆش، تۇخۇم، سۈت» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، دۈيشۆن خەۋەردارلىقتا تىزىملىتىپ ھەم يېڭىپ چىقىپ، ھەرقايسى مەكتەپلەرنى كالا ـ قوي گۆشى بىلەن تەمىنلەش سودىگىرىگە ئايلىنىپ، مۇقىم سېتىش يولىغا ئىگە بولدى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئۈزلۈكسىز زورايدى، نامرات ئائىلىلەر ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلەپ ياكى پاي قوشۇپ تەقسىملەنگەن پايدىغا ئېرىشىپ كىرىمنى ئاشۇردى، ئەزالارنىڭ ھەر يىلى ئالىدىغان پايدا نىسبىتى شۇ يىلى ئىمزالانغان كېلىشىمدىكى ئۆلچەمدىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى. دۈيشۆن شۇ جايدىكى چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى «يول باشلىغۇچىسى» بولۇپ قالدى.

**ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش**

2014 ـ يىلى قارچىغا ماكانى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ، كوپېراتىپقا يېڭىدىن ئەزا بولغان نەچچە يۈز ئائىلىلىك نۇرغۇن قوي ئېلىپ كەلدى. ھازىرقى بازار بۇنچە كۆپ قوينى سىغدۇرالمايدىغان بولغاچقا، ئەزالارنىڭ پايدىسىغا تەسىر يېتەتتى، دۈيشۆن يېڭى ئامالنى سىناپ، بىر قىسىم «ئۇششاق چارۋا»نى «چوڭ چارۋا»غا ئالماشتۇرۇپ، بېقىلىدىغان يەرلىك كالىنى كۆپەيتتى.

«چوڭ چارۋىلارنى بېقىش تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇلى كىچىك چارۋىلارنى بېقىشتىكىدىن بەلگىلىك پەرقلىنىدۇ، ھېلىمۇ ياخشى تېخنىكلار ماڭا ياردەملىشىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى. چوڭ چارۋىغا ئالماشتۇرغاندىن كېيىن يەم ـ خەشەك سەرپىياتى ئازىيىپ، پايدا ئاشتى» دېدى دۈيشۆن.

دۈيشۆننىڭ يېڭىلىق يارىتىش غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى، ئۇ سىرتتىكى بازارنى كۆرۈپ بېقىشنى قارار قىلدى. 2017 ـ يىلى، دۈيشۆن كالىلارنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۇچتۇرپان ناھىيەسىدىكى بازارغا ئاپىرىپ ساتتى.

ئۇ كالىلىرىنى ناھايىتى تېزلا ساتقان بولسىمۇ، كالىلىرىنىڭ بازاردا بەكلا «كىچىك» كۆرۈنىدىغانلىقىنى، پايدىسىنى سىمېنتال كالىلىرىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى چوڭ پەرق بارلىقىنى بايقىدى.

نەسلىنى چوقۇم ياخشىلاش كېرەك، دۈيشۆن ئۇچتۇرپان ناھىيەسىدىن بىر نەچچە تۇياق سىمېنتال كالىسى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەم ئېگىز، ھەم قاۋۇل سىمېنتال كالىسى ھەمكارلىق كوپېراتىپى باقمىچىلىقىدىكى باش پېرسوناژغا ئايلاندى. «ياخشى كۈن كەچۈرىمىز دەيدىكەنمىز ئۈزلۈكسىز سىناپ بېقىشىمىز، ئۈزلۈكسىز تىرىشىشىمىز كېرەك. بۇ يىل مەن داۋاملىق تۈردە چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاپ، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىمەن» دېدى دۈيشۆن.

«پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى مېنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى. مەن ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تىجارىتىنى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، تەرەققىياتتا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، يۇرتداشلارنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا يېتەكلەيمەن» دېدى دۈيشۆن.

# «لەززەتكە تولغان شىنجاڭ ئاممىۋى مەنپەئەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش» بويىچە مەخسۇس مەيدان بىۋاستە كۆرسىتىش پائالىيىتى بۈگۈن باشلىنىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سائەت 19 دا، كۆەيشوۋ بىۋاستە كۆرسىتىشىدىن «لەززەتكە تولغان شىنجاڭ»نى ئىزدەپ، چولپان رىياسەتچىلەر بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا كۈچ قوشايلى!

ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، بېيجىڭ كۆەيشوۋ پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى ئۇيۇشتۇرغان، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ مېۋىچىلىكى داتاڭ يىپەك يولى ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك شىركىتى، بېيجىڭ يىڭشياڭلى پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان «لەززەتكە تولغان شىنجاڭ ئاممىۋى مەنپەئەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش» ـــ «يۇلتۇزلار چاقنىغان قايناق كېچە» مەخسۇس مەيدان بىۋاستە كۆرسىتىش پائالىيىتى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باشلىنىدۇ.

پائالىيەت رەھبىرىي كادىرلار، چولپانلار، رىياسەتچىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇشى شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت شىنجاڭنىڭ «ھۆكۈمەت + سۇپا + چولپان / دارىن» ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ئىستېمالچىلار، سۇپا سودىگەرلىرىنىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ھۆكۈمەت يېتەكلەيدىغان، جەمئىيەت قاتنىشىدىغان، بازار يۈرۈشتۈرىدىغان ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى ئورنىتىپ، ھۆكۈمەت، كارخانا ۋە جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنىڭ ساھە ھالقىپ ھەمكارلىشىشى، ئەۋزەللىكلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭ مېۋىچىلىكى داتاڭ يىپەك يولى ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ بازار باش نازارەتچىسى لى ۋېينا مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ قېتىمقى بىۋاستە كۆرسىتىش پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي پىلانىدا شىنجاڭنىڭ 28 تۈردىكى خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى تونۇشتۇرۇلىدۇ، يادرولۇق ئالتە تۈردىكى مەھسۇلاتتا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ئاساس قىلىنىدۇ، بۇ، چىلان، ياڭاق، مېغىزى، ئۆرۈك مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۇرپان قوغۇنى، كۇچا ئاق ئۆرۈكى قاتارلىق يېڭى مېۋىلەر، كالا سۈتى، تۆگە سۈتى، قۇرۇت، ئىرىمچىك قاتارلىق سۈت مەھسۇلاتلىرى، چاغانتوقاينىڭ زاراڭزا يېغى، چىڭگىلنىڭ جىغان شەربىتى قاتارلىق خاس مەھسۇلاتلار ھەمدە باقالى، جياۋماجى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مەززىلىك تائاملىرى تورغا چىقىرىلىدۇ.

نەۋقىران، قىرانبېك ماقان، ساۋ ۋېيېۋ، Max ما جۈن، ئەنۋەرجان، ياڭ جىن قاتارلىق چولپانلار، سەنئەتكارلار ھەم كۆپلىگەن كۆەيشوۋدا ئالقىشلانغان رىياسەتچىلەر نەق مەيدانغا كېلىپ شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاستە كۆرسىتىشتە تونۇشتۇرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر جوۋ چياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى داۋاملاشتۇرۇش، تۈجۈپىلەشتۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، سودا ئوبوروتى، ئەشيا ئوبوروتى، مەبلەغ ئېقىمى، ئۇچۇر ئېقىمىنى راۋانلاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى ئۈزلۈكسىز قېزىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ئىستېمال قىزىق نۇقتىسى بەرپا قىلىپ، قوللاش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، بانكا بىلەن كارخانىلارنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە كۈچ قوشۇش، نۇقتىلىق تاۋارلارنى سېتىشنى تېزلىتىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن قول سېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىستېمال بازىرىنىڭ تولۇقلاشنى تېزلىتىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چەكتىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 33 مىليارد 126 مىليون يۈەن بولغان.

«شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىستېمال بازىرىدا تۆتتە قايتا ئېشىش كۆرۈلدى.» جوۋ چياڭ مۇنداق دېدى: بىرىنچى، چەكتىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىدا ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 4 ـ ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چەكتىن يۇقىرى ئورۇنلار ئىشقا ئاشۇرغان ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 11 مىليارد 567 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.3% ئېشىپ، 3 ـ ئايدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 25.2 پىرسەنت پوئىنت ئۆرلىدى.

ئىككىنچى، توردا سېتىشنىڭ ئېشىش نىسبىتى يەنىمۇ ئۆستى. 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا چەكتىن يۇقىرى توپ ـ پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئاممىۋى تور ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغان سېتىش مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 58.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 ـ ئايدا ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 65.8% ئاشتى.

ئۈچىنچى، نۇقتىلىق تاۋارلارنى سېتىشتا يەنىمۇ قايتا ئېشىش بولدى. 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە، ئاپتوموبىل تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇلغان پارچە سېتىلىش سوممىسى 9 مىليارد 954 مىليون يۈەن بولۇپ، نېفىت ھەم بۇيۇملار تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇلغان پارچە سېتىلىش سوممىسى 7مىليارد 302 مىليون يۈەن بولۇپ، تۆۋەنلەش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە 13.7 ۋە 5.5 پىرسەنت پوئىنت تارايغان.

تۆتىنچى، مۇلازىمەت ئىستېمالى يەنىمۇ ئەسلىگە كەلدى. 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چەكتىن يۇقىرى ياتاق، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى تەڭ قەدەمدە ئەسلىگە كەلدى، چەكتىن يۇقىرى ياتاق كەسپىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغان تىجارەت سوممىسى 928 مىليون يۈەن، چەكتىن يۇقىرى يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغان تىجارەت سوممىسى 1 مىليارد 70 مىليون يۈەن بولۇپ، تۆۋەنلەش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە 9.1 ۋە 27.1 پىرسەنت پوئىنت تارايغان.

جوۋ چياڭ مۇنداق بىلدۈردى: سودا تارماقلىرى نۆۋەتتىكى ئىستېمال بازىرىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، شەھەر ئىستېمالىنى پائال ئاشۇرىدۇ، يېزا ـ كەنت ئىستېمالى ۋە مۇھىم تاۋارلار ئىستېمالىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ كېچىلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ ئوبوروت بازىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى كۆلىمىنى سىجىل كېڭەيتىپ، ئىستېمال مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىستېمال دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

---

# «شىنجاڭچە تەم . مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى تارالدى»

## تېمىسىدىكى چوڭ تىپتىكى يېڭى تاراتقۇلارنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەت ئارقىلىق دېھقانلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى باشلىنىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ مىڭمىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلەتى» شىنجاڭ ئۆگىنىش سۇپىسى شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى (شىنجاڭ يېڭى تاراتقۇ مەركىزى) بىلەن بىرلىشىپ قانات يايدۇرغان «شىنجاڭچە تەم . مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى تارالدى» تېمىسىدىكى چوڭ تىپتىكى يېڭى تاراتقۇلارنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەت ئارقىلىق دېھقانلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى رەسمىي باشلىنىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت خاس باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئۇنى يېزىلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئەلالاشتۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى يېتەكچى كەسىپكە ئايلاندۇردى. سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭنىڭ يىللىق باغ ـ ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن 100 مىليارد يۈەن بولۇپ، شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 25%كە، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى قىسمەن جايلاردا ئىگىلىگەن نىسبىتى 50% ـ 40%كە يەتكەن بولۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا تەڭداشسىز رول ئوينىغان.

ھازىر شىنجاڭدىكى ھەرخىل مېۋىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈزۈش مەزگىلىگە كىردى، دەل ۋاقتىدا يولغا قويۇلغان «شىنجاڭچە تەم . مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى تارالدى» تېمىسىدىكى چوڭ تىپتىكى يېڭى تاراتقۇلارنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەت ئارقىلىق دېھقانلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتى «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلەتى»، تىيانشان تورى قاتارلىق تېرمىناللار ھەمدە مىكروبلوگ، ئۈندىدار، توردا بىۋاستە كۆرسىتىش سۇپىسى قاتارلىق كۆچمە ئالاقە تورى سۇپىلىرى ئارقىلىق، توردا بىۋاستە كۆرسىتىش، قىسقا سىن، ئېلان، H5، سۈرەت، يېزىق قاتارلىق ئىستېرېئولۇق خەۋەر قىلىش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مېۋە ـ چېۋىلەرنى زور كۈچ بىلەن تونۇشتۇرۇشىغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىپ، مېۋە ـ چېۋىلەرنى سېتىش يولى بەرپا قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشىغا كۈچ قوشىدۇ.

«شىنجاڭچە تەم . مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى تارالدى» پائالىيىتى يەنە جۇڭگو ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى يېڭى تاراتقۇ كەسپىي كومىتېتىنىڭ «2020 جۇڭگو يېڭى تاراتقۇلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش بىرلەشمە ئاممىۋى پاراۋانلىق ھەرىكىتى»نى شىنجاڭدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش پائالىيىتىدۇر.

«شىنجاڭچە تەم . مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى تارالدى» تېمىسىدىكى خەۋەر قىلىش 6 ـ ئايدىن كەچ كۈزگىچە داۋاملىشىدۇ، خەۋەر قىلىش ئەترەتلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالىدىكى ئېتىز باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مېۋىلىك باغلارغا، پىششىقلاش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىغا، دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرىغا بېرىپ، باغۋەنلەرنىڭ ئالدىراش سىماسىنى خاتىرىلەپ، ئىللىق ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، تاتلىق مەنبەلەرنى ئىزدەپ، كىشىلەرنى شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئەلا سۈپەتلىك مېۋە ـ چېۋىلىرى بىلەن تونۇشۇش، شىنجاڭلىقلارنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولى ئارقىلىق بەرپا قىلغان تۇرمۇشنىڭ تەمىنى ھېس قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

تۇنجى بېكەتتە، 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، «شىنجاڭچە تەم . مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى تارالدى» «جۇڭگو ئاق ئۆرۈك ماكانى» ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كۇچا شەھىرىگە كىرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چوڭ سانلىق مەلۇمات قاتارلىق تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەم كەسىپتە ئەمەلىي قوللىنىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ ياسىمچىلىقنى رەقەملەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش بويىچە تىپ ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئاپتوموبىل تورى، سانائەت ئالاقە تورى، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار بويىچە يېڭىلىق يارىتىپ ئەمەلىي قوللىنىش باشلامچى رايون قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش.

ئىگىلىنىشچە، بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەقەملىك ئىقتىساد كۆلىمى ئومۇمىي مىقدارى 345 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 12%تىن كۆپرەك ئاشقان.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئۇچۇر ـ خەۋەرلىشىش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرىنى قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئېلېكترون ياسىمچىلىقنى كىرگۈزۈپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش سالمىقىنى نۇقتىلىق زورايتىپ، يۇمشاق ماتېرىيال ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەتچىلىكى، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ياسىمچىلىقنىڭ سىجىل، تېزرەك ئېشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغان ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر كەسىپ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش ۋە ئاممىۋى مۇلازىمىتىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلار، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار، ۋاستىچى تەشكىلاتلار قاتارلىق رەقەملىك ئىقتىساد بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ؛ تور ئىقتىسادى، سۇپا ئىقتىسادى، ھەمبەھرە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يېتىلدۈرۈپ، رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ.

رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ يېڭى كەسىپ ھالىتىنى تېز يېتىلدۈرۈش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز 5G كەسپىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەم تور قۇرۇلۇشىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، يىل ئاخىرىغىچە بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە نۇقتىلىق ناھىيە، شەھەرلەرنى قاپلايدۇ؛ «5G+ سانائەت ئالاقە تورى»نى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇپ، «5G+ سانائەت ئالاقە تورى»نىڭ ئىچكى يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىدۇ؛ رايون بۆلىكى زەنجىرىنى ئەمەلىي قوللىنىش ھەم كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رايون بۆلىكى زەنجىرى تېخنىكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى، ئاقىل ساياھەت، كەسىپ تەرەققىياتى، مەھسۇلاتلاردا ساختىلىقتىن ساقلىنىش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى قاتارلىق كۆپ ساھەلەردە ئەمەلىي قوللىنىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بېرىدۇ ۋە تۈرتكە بولىدۇ؛ ئۇچۇر ئىستېمالى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش شەھىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاقىل شەھەرلەرنىڭ تىپىك ھەل قىلىش لايىھەسىنى كېڭەيتىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئەندىزىدە يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىشكە ئىلھام بېرىپ، يېڭى ئەندىزە، يېڭى كەسىپ ھالىتىنى يېتىلدۈرىدۇ.